# مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندەك ناماز ئوقۇپ بېرىمەن

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندەك ناماز ئوقۇپ بېرىمەن» دېگەن. سابىت ئەلبۇنانى مۇنداق دېدى: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ سىلەر قىلمىغان ئىشلارنى قىلاتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تىك تۇرسا كىشى: «سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ» دەپ قالىدۇ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئولتۇرسا «سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ» دەپ قالاتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «مەن تىرىشىپ، سىلەرنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئوخشاش ناماز ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندەك ناماز ئوقۇپ بېرىمەن» دەيتتى، سابىت ئەلبۇنانى مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ نامازنى تامامىلاش ۋە چىرايلىق شەكىلدە ئادا قىلىشتا، سىلەر قىلمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، نامازدا رۇكۇدىن كېيىن ئۇزاق تۇرىدۇ، ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئۇزاق ئولتۇرىدۇ، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تىك تۇرسا كىشى: «سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ» دەپ قالىدۇ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئولتۇرسا: «سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ» دەپ قالىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee